

# پەيغەمبىرىمىزنىڭ دۇنياغا كېلىشى

ئى مۇھەممەد! سېنى بىز پۈتۈن ئەھلى جاھان
ئۈچۈن پەقەت رەھمەت قىلىپلا ئەۋەتتۇق.

سۈرە ئەنبىيا 107 ـ ئايەت



غۇنچىلار

مەنبە: قصص و حكايات بالعربي

پىل ۋەقەسى يۈز بەرگەن يىلى 4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى پۈتۈن كائىنات تۆت كۆز بىلەن كۈتۈۋاتقان كۈن ئاخىرى يېتىپ كەلدى، ئىنسانلارنىڭ يول باشچىسى، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچتى. ئۇنىڭ تۇغۇلۇشى بىلەن تەڭ پۈتۈن كائىنات نۇرلىنىپ كەتتى.



پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام تۇغۇلۇشتىن بىر
نەچچە ئاي ئىلگىرى دادىسى ئابدۇللاھ بۇ دۇنيا
بىلەن ۋىدالاشتى، بوۋىسى ئابدۇلمۇتتەلىب ئۇنى
ئەرەبلەرنىڭ بالىلىرىنى سەھرادىكى ئىنىكئانىلارغا
ئەمگۈزۈش ئادىتى بويىچە بەنى سەئىد
قەبىلىسىدىن ھەلىمەگە بېرىۋەتتى. بەش ياشقا
كىرگەندە بوۋىسىنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلدى.
ئۇزۇن ئۆتمەي ئانىسى ئامىنە ۋاپات بولدى.
بوۋىسى ئابدۇلمۇتتەلىبنىڭ يېنىدا ئۆسۈپ
يېتىلدى، بوۋىسى ئۇنى ئىنتايىن ياخشى كۆرەتتى
ۋە ئۇنىڭغا ئالاھىدە كۆيۈنەتتى.



پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەككىز ياشقا كىرگەندە بوۋىسى ۋاپات بولدى. ئۇنى تاغىسى ئەبۇ تالىب بېقىۋالدى. ئۇ پەيغەمبىرىمىزگە ناھايىتى ئامراق ئىدى. ئۇنى ئۆز بالىسىدەك كۆرەتتى. پەيغەمبىرىمىز كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپ «راستچىل، ئىشەنچلىك» دەپ تونۇلغان، ئۆسمۈرلۈك چېغىدىن باشلاپ قۇرەيشلەرنىڭ ئىچىدە ئالاھىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان، كىچىكلىكىدە قوي بېقىپ چوڭ بولغان، ياشلىق مەزگىللىرىدە بولسا تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغانىدى.



پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام 25 ياشقا كىرگەندە خۇۋەيلىدىنىڭ قىزى خەدىچەگە ئۆيلەندى. ئۇنىڭدىن ئالتە پەرزەنتلىك بولدى. 40 ياشقا كىرگەندە ئۇنىڭغا پەيغەمبەرلىك ۋەھيىسى كەلدى، ئۇنىڭغا تۇنجى بولۇپ ئاياللاردىن ئايالى خەدىچە، ئەرلەردىن ئەبۇ بەكرى، بالىلاردىن ئەلى ئىبنى ئەبى تالىب ئىمان ئېيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدە ئۈچ يىل مەخپىي دەۋەت ئېلىپ باردى.



پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەسلەپتە كىشىلەرنى ئىسلامغا مەخپىي دەۋەت قىلدى. ئۇنىڭغا ناھايىتى ئاز ساندىكى كىشىلەر ئىمان ئېيتتى. ئاشكارا دەۋەت قىلىشنى باشلىغاندا قۇرەيشلەر ئۇنىڭغا ئەزىيەت بەردى، كۆنسېرى مۇسۇلمانلارنى ھەرخىل قىيىن - قىستاقلار بىلەن ئازابلىدى. مۇسۇلمانلار ئاخىرى مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشقا مەجبۇر بولدى. بىرقانچە يىلدىن كېيىن مەككىنى فەتھى قىلدى. ئاللاھ مۇسۇلمانلارغا غەلىبە-نۇسرەت ئاتا قىلدى، پەيغەمبىرىنى غالىب، مۇشرىكلارنى مەغلۇپ قىلدى.

